# ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چىڭ تۇتۇپ، نېگىزگە، ئۇلغا، ئۇزاق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، مۇشكۈللۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باش نىشان ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي مۇقىملىق نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، تىنچ - تەرتىپلىك، ئىناق - مۇقىم بولغان جەمئىيەت مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك يارىتىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ كۆزلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيەسىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، دىنلارنىڭ ئىجىللىقى، ئىناقلىقىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ جەمئىيەت ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، قەتئىي بوشاشماي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى سىجىل يېتىشتۈرۈپ، زورايتىپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ھەقىقىي تۈردە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بەشتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، ۋۇۋسكا ئېيىسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېغىر نامراتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى پائال قوللاش كېرەك. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى قوللاپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىڭتۇەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىڭتۇەننىڭ مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق، چوڭ يېڭىلىق، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلۇق ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 91 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بازارغا سېلىنىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك زاپاس بايلىقنى يېتىلدۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان بازارغا سېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان بازارغا سېلىنغاندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، بازارغا سېلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنى كاپىتال بازىرىغا تايىنىپ كۈچىيىش، سەرخىللىشىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، زامانىۋى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئورۇنلار توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشى كېرەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ بىرلەمچى، ئىككىلەمچى كەسپلەرنى تۇتاشتۇرۇپ، كەسپ زەنجىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى كەڭ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان كىيىم - كېچەك، ئىلمە توقۇمىچىلىق، ئائىلە توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىق تېرمىنال كەسپلەرگە ئۇزارتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنىنى كۆپەيتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارارلار تەتقىق قىلىندى.

# ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ھازىرقى چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى يۇقۇم ۋەزىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخىكىسى، بوشىشىپ كېتىش روھىي ھالىتىنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئاخىردىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشى كېرەك. خىزمەت دەسلەپكى لايىھەسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارماقلارنىڭ ھەمتۈرتكە بولۇشىنى كۈچەيتىپ، پورت ھەم تۆمۈريول، تاشيول، ئايرودرۇم قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك. مەكتەپ، يەسلى قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلار ۋە كارخانا، ئىدارە، مەھەللىلەردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرىنى ھەققىي ياخشى باشقۇرۇپ، ئىمپورت قىلىنغان گۆش تۈرلىرى، مېۋە - چېۋە، كۆكتات ۋە ماللارنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى قەتئىي توسۇشى كېرەك. داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ قاراۋۇللىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋاقتىدا بايقاش، تېز بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش، تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق ساھەلەردە تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مۇھىت تازىلىقنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، توسالغۇ، قىيىن نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، كارخانىلار بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا پائال ياردەم بېرىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى سىجىل ئۇرغۇتۇش كېرەك. زاپاس تۈرلەرنىڭ ئايلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، داۋاملىق قۇرۇلىدىغان، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈرلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئەلالاشتۇرۇپ، ئىستېمال يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قويۇپ بېرىپ، «ئۈچ ئاتلىق ھارۋا»نىڭ ئىقتىسادقا تۈرتكە بولۇش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يازلىق يىغىم، يازلىق تېرىم، يازلىق پەرۋىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»نىڭ ئاساسىي ھالىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. كەسپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئوقۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا پائال ياردەم بېرىش كېرەك. ئاخىردىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەكتەپلەرنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، يازلىق تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارنى تۇشۇش خىزمىتىنى پۇختا، تەرتىپلىك، ياخشى ئىشلەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەش ئىمتىھانى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى قاتارلىق تۈرلۈك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان خىزمەتلىرىنى بىخەتەر، تەرتىپلىك، ياخشى تەشكىللەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ خىزمەت مېخانىزمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلارنىڭ بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ھەم قوماندانلىق ئىشتابلىرىنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كۈتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، جاۋ چىڭ، ۋاڭ مىڭشەن، مەڭلىك سېيىت، ۋەن خېيچۈەن، ياڭ يۈڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

1 - بۆلىكى بولغان 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشقا، خوتەن ناھىيەسى، قاراقاش ناھىيەسى قاتارلىق 34 ناھىيە - يېزا، يېزا - كەنت، كەنت - كەنت يول قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا ئىشلىتىلىدىكەن؛ 2 - بۆلىكى بولغان 1 مىليارد 780 مىليون يۈەن يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى تۈرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشقا، پەيزاۋات ناھىيەسى، يېڭىسار ناھىيەسى قاتارلىقلارنىڭ ئەخلەت تۇشۇش، سۇ يەتكۈزۈش - سۇ تەقسىملەش قاتارلىق 35 تۈر قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، 180 مىڭ ئائىلە بىۋاستە نەپكە ئېرىشتۈرۈلىدىكەن؛ 3 - بۆلىكى بولغان 2 مىليارد 880 مىليون يۈەن ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە، قەشقەر شەھىرى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسى، گۇما ناھىيەسى قاتارلىقلارنىڭ يېزا - كەنتلەرنىڭ كىچىك كۆلەمدىكى مەكتەپ ۋە يېزا - بازارلىق ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ، يېزا - بازارلىق شىپاخانا قاتارلىق 34 تۈر قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا ئىشلىتىلىدىكەن؛ 4 - بۆلىكى بولغان 940 مىليون يۈەن سۇچىلىق، سۇ تېجەش تۈرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشقا، ئاقتۇ ناھىيەسى، كېرىيە ناھىيەسى قاتارلىقلارنىڭ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، زەي ئۆستەڭ، ئاپتوماتىك بېسىملىق پۈركۈپ سۇغىرىش سىستېمىسى قاتارلىق 24 تۈر قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە بىۋاستە نەپكە ئېرىشتۈرۈلىدىكەن.

# تۇنجى «گۇاڭجۇ - شىنجاڭ - ئۆزبېكىستان» جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى چېگرادىن چىقتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى دۆلىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى مۇھىم ماددىي ئەشيا ترانسپورت شەكلىگە ئايلاندى. بارغانسېرى كۆپ يۈكنىڭ دۆلىتىمىز ۋە باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدا كۆپلەپ توشۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يېڭى لىنىيەسىنىڭ ئېچىلىشى مۇقەررەرلىككە ئايلاندى.

2016 - يىلى، «جۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا» جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قورغاس تۆمۈريول پورتىدىن چېگرادىن چىقىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قورغاستىن ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. 2019 - يىلى «جۇڭچىڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا» «چېڭدۇ - شىنجاڭ - ياۋروپا» «چاڭئەن ناملىق» قاتارلىق 16 جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى قورغاستىن چېگرادىن كىرىپ چىقتى. بۇ يىل يەنە «گۇاڭدۇڭ - شىنجاڭ - ياۋروپا» «گۇاڭجۇ - شىنجاڭ - ئۆزبېكىستان» ئىككى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قورغاستا چېگرادىن كىرىپ چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى 18گە يەتتى.

نۆۋەتتە، قورغاس پورتىدا كۈنىگە جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن 11ى چېگرادىن كىرىپ چىقىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا بىر كۈندە 17سى كىرىپ چىقىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرقايسى جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى كېڭەيتىشنى قوللاش ئۈچۈن، كورلا ئايرودرومى بوشلۇق ئىقتىسادىي رايونى دۆلەت سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروت تورىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدىكى تۇنجى «يولۇچى ئورنىغا يۈك توشۇش» يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بويىچە ئايروپىلان ھۆددە ئېلىش ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىزدىن ئىچكىرى رايونلاردىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېغىزىغا يەتكۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئايروپىلان ھۆددە ئېلىپ توشۇشنىڭ ۋاقىت ئەۋزەللىكى روشەن. ئۆرۈكنى مىسالغا ئالساق، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9دا ئېتىزلىقتىن ئۈزۈلدى، چۈشتىن كېيىن سائەت 7 ئەتراپىدا ئايروپىلان ئايرودرومدىن ئۇچۇپ، تۆت سائەتتىن كېيىن خاڭجوۋغا يېتىپ باردى، ئۆرۈك يېڭى پېتى ساقلىندى» دېدى خۇاشيا ئاۋىياتسىيە پايچەكلىك شىركىتى شىنجاڭ بازىسىنىڭ باش دىرېكتورى جاۋ شياۋبو.

كورلا ئايرودرومىنىڭ بازار ماركېتىنگ مەسئۇلى شى لىشۈەن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل كورلا ئايرودرومى 60 تونىنا يېڭى ئۆرۈكنى ئىچكىرى رايونلاردىكى بازارلارغا توشۇشنى مۆلچەرلىدى، ئاۋىياتسىيە ترانسپورت ھەققى، يەر يۈزىدە توشۇش قاتارلىق ھەقلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى 3 مىليون يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ترانسپورتىنى قوشقاندا، 2020 - يىلى پۈتكۈل ترانسپورتنىڭ ئاۋات پەسلىدە كورلا ئايرودرومى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن قىلىدىغان كىرىمنى 10 مىليون يۈەنگە يېقىن ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىكەن.

كورلا (چەرچەن، چاقىلىق) ئايرودرومىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ ۋېي مۇنداق دېدى: قەشقەرنىڭ گىلاسى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن پىشىشىغا ئەگىشىپ، يەنە ئوخشاش ئۇسۇل ئارقىلىق ھەرقايسى جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرى رايونلارنىڭ بازىرىغا توشۇشقا ياردەم بېرىلىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل كورلا ئايرودرومى يېڭى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ھۆددە ئېلىپ توشۇش ئايروپىلانىنى 30 نۆۋەت كۆپەيتىشنى پىلانلىغان.

### شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىرىيەت ئەزاسى

# جىن پېڭيۈ ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز** شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىرىيەت ئەزاسى جىن پېڭيۈ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش گۇمانى بىلەن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنتىزام ۋە رېۋىزىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.